# 10428 - ئاللاھتىن باشقا ھەر قانداق بىرسىگە تازىم قىلىش ھارام

## سوئال

ھۆرمەتلىك ياكى ياشقا چوڭ بىر ئادەم ياكى ئاتا بىلەن كۆرۈشكەندە [ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ] دىگەننىڭ ئورنىغا تازىم قىلىش دۇرۇسمۇ ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە
ئاللاھقا بولسۇن .
ئادەتتىكى سالاملىشىش بولسا ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھ (
سىلەرگە ئامانلىق ، ئاللاھنىڭ رەھىم-شەپقىتى ۋە قۇتلۇقى بولسۇن ) ، چۈنكى ئاللاھ
دەيدۇ :
**« سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزەڭلارغا (يەنى ئۆيدىكى كىشلەرگە)اﷲ بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار، »** [ نۇر : 61 ]
ھەدىسلەر بۇ سالاملىشىشنى ئوچۇق چۈشەندۈردۇ .
بىراق تازىم قىلىش دۇرۇس ئەمەس ، پەقەت سالام قىلىنغۇچى ياشقا چوڭ بولۇپ ئورنىدىن تۇرالمىسا ، ياكى ئاتا-ئاناڭنىڭ بىرسى بولۇپ ، ئۇلارنى سىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە ياكى سىزنى قۇچاقلاشقا ئورنىدىن قوپۇرۇشنى خالىمىسىڭىز ، شۇنىڭ بىلەن سىز ھۆرمەت يۈزىسىدىن تازىم قىلىپ ئۇنىڭ بېشىنى ياكى پېشانىسىنى سۆيىسىڭىز ، ئۇنداقتا بۇ ئىبادەتنى شەكىللەندۈرىدىغان تازىم قىلىشنىڭ تۈرى بولمايدۇ . شۈبھىسىزكى تازىم قىلىش ئاللاھقا قىلىنىدىغان بىر ئىبادەت ، يەنى نامازدا رۇكۇ(تازىم ) قىلىشقا ئوخشاش ،شۇڭا ئۇ ئەگەر قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەستىن ياكى سۆيمەستىن بولۇنسا ، بۇ شۇ كىشىنى ئۇلۇغلاش ھەركىتى بولىدۇ ھەمدە شۇڭا شىرىك بولىدۇ .
پېشىۋا ئابدۇللاھ بىن جىبرىين .